ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى ئىزنالار

# چوڭ شاپتۇلنى غەربكە كۆچۈرۈش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جۇۋ پېڭ فوتوسى، خەۋىرى

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، لوپ ناھىيەسى بېيجىڭ شەھىرى پىڭگۇ رايونى پىڭلو سىننۇڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، لوپ بازىرى دول تۇگمەنبېشى كەنتىدە «پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلى» لوپ بازىسىنى قۇرۇپ، چوڭ شاپتۇلنى غەربكە كۆچۈرۈش سىنىقىنى باشلىدى.

بىر يىللىق يەرنى تۈزلەش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاش خىزمىتى ئارقىلىق، 2019 - يىلى ئەتىيازدا دول تۇگمەنبېشى كەنتىدە 30 مىڭ تۈپ شاپتۇل كۆچىتى تىكىلىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى 78%كە يېتىپ، شورلۇق يەردە كۆلىمى 300 مودىن ئاشىدىغان شاپتۇللۇق باغ بارلىققا كەلدى. بۇ يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىردىن بۇيان، شاپتۇللۇق باغدىكى زاۋخۇاڭمى، ئاۋيوۋ قاتارلىق سورتلۇق شاپتۇللار ئارقا - ئارقىدىن پىشتى.

«ئەمدىلا تىككەن شاپتۇل كۆچەتلىرى چوكىدەك ئىنچىكە بولسىمۇ، بىر يىلدىلا چېچەكلەپ مېۋە بەردى.» باغچە رايونىدا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان كەنت ئاھالىسى ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىم خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن بىر تەرەپتىن، باغچە رايونىدا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈم پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلى تىكىپ، ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىماقچى بولۇۋاتىمەن».

بۇ يىل «پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلى» لوپ بازىسىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ 1100 مودىن ئېشىپ، باغچە رايونى 300 دېھقاننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۆرتكە بولدۇ.



سۈرەت ①: 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، بېيجىڭ شەھىرى پىڭگۇ رايونلۇق ئورمان - ئوتلاق ئىدارىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر جاڭ چېڭيىن(ئوڭدا) ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىمغا پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلىنى پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرمەكتە.



سۈرەت ②: «پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلى» لوپ بازىسى ئىلگىرى قاقاسلىق ئىدى (سۈرەتنى پىڭلو سىننۇڭ شىركىتى تەمىنلىگەن).




سۈرەت ③: 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئابدۇخېلىل «پىڭگۇ چوڭ شاپتۇلى» لوپ بازىسىدا يېڭىدىن سېتىۋالغان تراكتورنى سىنىماقتا.

ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى

(بېشى 1 - بەتتە)

مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ شامال، يورۇقلۇق، ئوت ئېلېكترىنى تېگىش سىرتقا يەتكۈزۈش بازىسى» دېدى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قومۇل ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى ئۇچۇر ئامىۋى مۇلازىمەت سۇپىسىدا، چۈشەندۈرگۈچى جاڭ شىن قۇم مودېلىدىكى تاغنىڭ جەنۇبى - شىمالىغا يۇلتۇزلاردەك جايلاشقان يېڭى ئېنېرگىيە تۈرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۆلكە يولى 303 - لىنىيەسىنىڭ 20 كىلومېتىرلىق بۆلىكىگە جايلاشقان قومۇل شىچېڭزى نۇر ئېنېرگىيەسى كەسىپلەر باغچە رايونىدا، تەكشى يەرگە قاتار - قاتار نۇر ئېنېرگىيەسى توك چىقىرىش ئەسلىھەلىرى يېتىلغانىدى، باغچە رايونىغا ماكانلاشقان 21 كارخانا بۇ يەردە پۈتۈن يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 3000 سائەتتىن ئاشىدىغان يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىنى پاكىز ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرىدۇ، جۇغلاش پونكىتىدا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن دۆلەت ئېلېكتر تورىغا يوللايدۇ.

5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قومۇل شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى گېنېراتورلار سىغىمى 21 مىليون 334 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شامال ئېلېكترى، نۇر ئېنېرگىيەسى، يورۇقلۇق ئىسسىقلىقى قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمى 64.4%نى ئىگىلىدى، ئەنئەنىۋى ئېنېرگىيە بايلىقى بولغان كۆمۈر مېتانول، ئېتىل ئالكوگول، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيە قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنمەكتە. ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، ئېنېرگىيەنى كۆپ مەنبەلىك ئېچىش ئەندىزىسىدە يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش سۈرئىتى سېجىل تېزلىتىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېشىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى.

## كۆپ نۇقتىدىن تىرەك بولۇپ، كاپالەت يېتەرلىك بولدى

كەسىپنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىش سىياسەت، بايلىق، تېخنىكا، مەبلەغ قاتارلىق كۆپ نۇقتىنىڭ تىرەك بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

مول يورۇقلۇق بايلىقى ۋە پايدىلىق سىياسەتلەرگە تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا غەلىبە خەۋىرى كەينى - كەينىدىن تارقالدى: 5 - ئايدا، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى تيەنشان تېغى تۆمۈر چوققىسى ئېتىكىدىكى ئۇنسۇ ناھىيەسىنىڭ چاغراق يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىنى تاللاپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئۆگزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇر ئېنېرگىيەسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ 6 - ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تۇنجى نۇر ئېنېرگىيەسى ساقلاش ئېلېكتر پونكىتى — كەلپىن ئېنېرگىيە ساقلاش ئېلېكتر پونكىتىنىڭ 1 - قارارلىق تۈرى ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ ئېلېكتر پونكىتى خۇددى غايەت زور «توكدان»غا ئوخشاش، ئېلېكتر تورىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ چىقىرىلغان توكنى ئىشلىتىش ھەم يۈكنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى داۋەنچىڭ رايونى زامانىۋى ئېنېرگىيە كەسپى بازىسى تۈرى ئىمزالاندى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 10 مىليون كىلوۋاتلىق يېڭى ئېنېرگىيە تۈرى ئىمزالاندى، كۈيتۇن يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى تۈرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەنى سىرتقا يەتكۈزۈش يولى تۇتاشتۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى...

ھەربىر يېڭى ئېنېرگىيە كەسىپ باغچىسى ۋە تۈرى كەسپلەشكەن، كۆپ خىللاشقان تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتىشنىڭ قالتىس نامايەندىسى. ئوخشاش بولمىغان كەسىپ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى، ئوخشاش بولمىغان پاي كونترول شەكلىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك كارخانىلار بەس - بەستە شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاتلاندى.

چۆل - جەزىرىدىن يېڭى كەسپلەر باغچىسىغىچە، يىرىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىدىن يېشىل بولۇشنى ئاساسىي رىتىم قىلغان كەسىپ زەنجىرىگىچە، «يېڭى ئېنېرگىيە + نامراتلارنى يۆلەش» «يېڭى ئېنېرگىيە + كەسىپ» «يېڭى ئېنېرگىيە + ئېكولوگىيە» قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەرەققىياتىدىكى كۈچلۈك مېلودىيەگە ئايلانماقتا.

## كۆپ خىل كەسىپنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى پارلاق

يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى ئېنېرگىيە كەسپى تەرەققىي قىلىپ زورىيىش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ياكى ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى قوللىنىشنى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا سىڭدۈردى.

بۇلتۇردىن باشلاپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىكى يېڭى ئېنېرگىيەلىك ساپ توكلۇق ئاممىۋى ئاپتوبۇسلار شەھەر رايونىدىكى بىر مەنزىرىگە ئايلاندى. ئاقسۇ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى غۇلامجان رېھىم مۇنداق دېدى: پۈتۈن شەھەردە يېڭى ئېنېرگىيەلىك ساپ توكلۇق ئاممىۋى ئاپتوبۇستىن 300ى بار، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇس تىجارىتىنى تەمىنلەيدىغان توك قاچىلاش پونكىتى ۋە توك قاچىلاش تۈۋرۈكى قۇرۇلۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى بەخەتەر، ئازادە، مۇھىت ئاسرايدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك ئاممىۋى قاتناش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

«مەنزىرە رايونلىرىدا يېڭى ئېنېرگىيەلىك توكلۇق ئېكسكۇرسىيە ئاپتوموبىلى بار، ناھىيە بازىرىدا يېڭى ئېنېرگىيەلىك توكلۇق تاكسى بار، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلنىڭ گاز قويۇپ بېرىش مىقدارى نۆل، مەشغۇلاتى ئاددىي بولۇپلا قالماي، يەنە ماي پۇلىنى تېجەيدۇ» دېدى بۇرچىن ناھىيەسىدىكى تاكسى شوپۇرى جالغاسبېك جولدىبېك.

ئاپتونوم رايون ئېنېرگىيە چوڭ رايونىدىن ئېنېرگىيە كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇ يىل، شىنجاڭ ياڭگۇاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ مىڭفاڭ تېخنىكا كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ، كەسىپ دائىرىسىنى ئېگىزلىكتىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن شەھەر - بازار، يېزا - كەنتلەرگىچە كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت شەكلىنى يېڭى ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە تېخنىكا تولۇلاشتىن ئاممىۋى ئاپپاراتلار ۋە كەڭ ئاھالىلەرنى توك تېجەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىپ، ئابونتچىلارنى ئۆلچەملەشكەن، ئاسان مەشغۇلات قىلغىلى بولىدىغان، ئاز ئاسرىلىدىغان نۇر ئېنېرگىيەسى توك چىقىرىش قۇرۇلمىسى ئۈسكۈنىلىرى ھەم توك چىقىرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، بەزى ئورۇن ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئاچقۇچلۇق توك مەنبەسى ۋە يورۇتۇش قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىنلەپ، ئېنېرگىيە تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

سىياسەتنىڭ كۈچ بېرىشى، بازارنىڭ كۈچىشى، كارخانىلارنىڭ تىرىشىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى چوڭ قەدەم تاشلاپ، تېز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن باشلاپ يەتكۈزۈلۈشى مۇمكىن

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۇنشيا، جاۋ چۇنخۇا خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو پوچتىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ يەنپىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋېتىپتۇ، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈش خىزمىتى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوزغىتىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

خۇاڭ يەنپىڭ مۇنداق دېدى: شىركەت «يېشىل يول» ئېچىپ، مەخسۇس ئادەم بىر تەرەپ قىلىش، ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش، ئالدىن بىر تەرەپ قىلىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىر پارچە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ بىخەتەر، ۋاقتىدا، توغرا يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

يەتكۈزۈش جەريانىدا يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بۇ شىركەتنىڭ يىغىش - يەتكۈزۈش خادىملىرى پۈتكۈل جەرياندا ماسكا تاقايدۇ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدۇ؛ بارلىق پوچتا يوللانمىلىرى ئۆلتىرا بىنەپشە نۇردا دېزىنفېكسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلىدۇ، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيەلىنىدۇ، نۇقتىلىق رايونلاردىكى يىغىش - يەتكۈزۈش خادىملىرىدىن مۇداپىئە كىيىمى كىيىش، كۆز قوغداش ئەينىكى تاقاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دەل، توغرا يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو پوچتىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈشتە ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىش تەرتىپىنى چىڭىتتى، يەتكۈزگۈچى جەزمەن تاپشۇرۇۋالغۇچى بىلەن تېلېفوندا ئالدىن ئالاقىلىشىپ، تاپشۇرۇۋالغۇچىغا تورشلۇق مەھەللە بىلەن ۋاقتىدا ئۇدۇللىشىشنى ئېيتىدۇ، ئاندىن مەھەللە خىزمەتچىلىرى ياكى پېدائىيلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاقىدار ئۇچۇر خاتىرىسىنى ياخشى قالدۇرۇپ، ۋاقتىدا قايتا زىيارەت قىلىدۇ. زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، سىستېما سۇپىسى ئارقىلىق ھەر كۈنى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالى نازارەت قىلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ، يەتكۈزۈش - تاپشۇرۇۋېلىش ھالىتى پۈتۈن جەريانلىق ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىنىپ، يەتكۈزۈش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

جۇڭگو پوچتىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى ئەۋەتىش ئۇچۇرىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەتكۈزۈلگەن قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىش تالونى سۈرەتكە تارتىلىپ سىستېمىغا يوللىنىدۇ، قايتا يەتكۈزۈشكە ئېھتىياجلىق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ساقلاشقا، يۆتكەپ بېرىش - قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پوچتا يوللانمىلىرى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ، قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسى ئەۋەتىش تەپسىلىي تالونى، ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىش ئىسپاتى قاتارلىق كەسپىي ماتېرىياللارنى ئارخىپتا ساقلاپ باشقۇرۇش ياخشى ئىشلىنىدۇ، ئالاقىدار ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار ئوبدان ساقلىنىدۇ، ساقلاش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن كەم بولمايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ۋە زەربىسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئاممىۋى ئاساس سالدى.

قانچىكى ئالاھىدە مەزگىل بولغانسېرى، خەلق تۇرمۇشىنى شۇنچە كۆڭۈلگە پۈكۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىناتى، بازار باھاسى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەر پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ناۋادا ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە پسىخىكىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلار كەمتەر بولۇپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، چىن قەلب بىلەن ئاممىنىڭ دەردىنى ھېس قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

خەلق تۇرمۇشىدا كىچىك ئىش يوق، ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماققىمۇ كۆيۈنۈشىمىز كېرەك. مېھىر - مۇھەببەت بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ئاشلىق» «كۆك - تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توشۇش «يېشىل يولى» ئېچىپ، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە پسىخىكلىق يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش ۋە ئۇلارغا زۆرۈر ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشلارنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ۋىرۇس بىلەن كۈچ سىنىشىشمۇ بىر مەيدان خەلق تۇرمۇشىنى قوغداش جېڭىدۇر. خەلق تۇرمۇشى مۇقىم بولسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە بالدۇرراق غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)